سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# خەينەندە ئۆلكە قۇرۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت ھەتتا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەينەن ئۆلكىلىك كومىتېتى» «خەينەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ قۇرۇلدى.

خەينەنداۋ ئارىلى دۆلىتىمىزدىكى ئىككىنچى چوڭ ئارال، دېڭىز تەۋەلىكى كەڭ، بايلىقى مول، مەنزىرىسى گۈزەل. لېكىن، ياخشى ئېچىلماسلىق، ئېچىۋېتىلمەسلىك سەۋەبىدىن، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ پەقەت بىر بېكىنمە، نامرات، قالاق ئارال ئىدى.

1980 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گۇۋۇيۈەن بىلەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خەينەنداۋ ئارىلى مەسىلىسى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن خەينەنداۋ ئارىلىنى ئېچىش توغرىسىدا ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئىدى. 1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گۇۋۇيۈەن «خەينەنداۋ ئارىلىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇزاكىرە مۇھىم خاتىرىسى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، خەينەنداۋ ئارىلىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى قارار قىلدى، سىياسەتنى كەڭ قويۇپ بېرىپ، خەينەن مەمۇرىي رايونىغا بىرقەدەر كۆپ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقى بەردى.

1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «بىز ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇپ، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، بىر يېتەكچى ئىدىيەنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇ بولسىمۇ يىغىۋېلىش ئەمەس، بەلكى قويۇۋېتىش.» «بىز يەنە خەينەنداۋ ئارىلىنى ئاچىمىز، ئەگەر خەينەنداۋ ئارىلىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرالىساق، شۇنىڭ ئۆزى ناھايىتى زور غەلىبە.» بۇ ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، خەينەنداۋ ئارىلىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلەتتى.

1986 - يىلى 8 - ئايدا، گۇۋۇيۈەن خەينەن مەمۇرىي رايونىنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، خەينەن مەمۇرىي رايونىغا ئۆلكە دەرىجىلىك ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىپ، پىلانىنى ئايرىم تۈزۈشنى قارار قىلدى. 1987 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گۇۋۇيۈەن خەينەنداۋ ئارىلىدا ئۆلكە قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەم ئۇنى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا ئايلاندۇردى. 1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدا خەينەن ئۆلكىسى تەسىس قىلىش ۋە خەينەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. 13 كۈندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەينەن ئۆلكىلىك كومىتېتى ۋە خەينەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى. نەچچە مىڭ يىل بېكىنمە، قالاق ھالەتتە تۇرغان خەينەنداۋ ئارىلى ئاخىر چوڭ ئېچىۋېتىش، چوڭ تەرەققىياتنىڭ باھارىنى كۈتۈۋالدى، خەينەننىڭ تارىخىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بىر يېڭى دەۋرگە كىردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

داۋۇتنىڭ ئۆيى مارالبېشى ناھىيەسى ئاناكۆل يېزىسىنىڭ چۆشۈرگە كەنتىدە، دەھلىز چىقىرىلىپ سېلىنغان يېڭى ئۆيگە ياغاچ ئىشىك - دېرىزىلەر ئورنىتىلغان، تۈۋرۈكلەر رەڭدار سىرلانغان، ھويلىسىدىكى باراڭغا ياپيېشىل ئۈزۈم تاللىرى لىق ياماشقان بولۇپ، تىنچ ھويلىدا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ، بۈگۈنكى كۈندىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى دېھقانلار ھويلىلىرىنىڭ تىپىك قىياپىتى.

باللىق چاغلىرىنى ئەسلىگىنىدە، داۋۇت ۋە ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى ھازىرقىدىن كۆپ جاپالىق ئىدى، ئىلگىرىكى چۆشۈرگە كەنتىدە مۇقىم توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەسى ۋە تۇرۇبا سۈيى يوق ئىدى. «كەچتە ئاتا - ئانام سۇ يىغىنغا پاختا پىلىكى چىلانغان چىراغ ياندۇراتتى، ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ يۈزى مايلىشىپ كېتەتتى.» ئۇنىڭ ئەسلىشىچە، ياز كۈنلىرى ھويلىنىڭ ھەممىلا يېرى قوي ماياقلىرى بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا بىر ئائىلە كىشىلىرى پاشا - چۈشىلەرنىڭ ئازابىغا چىداشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

ئۇنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى، قىڭغىر - سىڭغىر خام كېسەك ئۆيلەر يەر تەۋرەشنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم 6.8 بال يەر تەۋرىگەندە مارالبېشى ناھىيەسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، نۇرغۇن دېھقاننىڭ ئۆيلىرى خارابىلىككە ئايلانغان ئىكەن.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، تىرىشچان داۋۇت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، كېۋەزلىكتە جاپالىق ئىشلەپ كۆپرەك پۇل تېپىپ، بالدۇرراق كەڭ، ئازادە، پۇختا چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر قۇتۇلالمىغان «نامراتلىق يىلتىزى»نى يۇلۇپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. «باللىرىمىز بولسىمۇ ياخشى مۇھىتتا چوڭ بولسۇن» دەيتتى ئۇ ھەمىشە خوتۇنىغا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئۆيلەرنى يېڭىلاش، يەرلەرنى قاتتىقلاشتۇرۇش، تۇرۇبا سۈيى تورى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى ھەم «ئۈچ رايون(تۇرالغۇ رايونى، تېرىلغۇ رايونى، باقمىچىلىق رايونى)نى ئايرىش» ئەندىزىسىنى قوللاندى. پەقەت 2018 - يىلىلا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە سالغان مەبلىغى 4 مىليارد 196 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

مىسلى كۆرۈلمىگەن تەدبىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلىدى، تارىمدىكى ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردە يېڭىچە قىياپەت بارلىققا كەلدى، ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلارمۇ زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تەدرىجىي ئادەتلەندى.

بۈگۈنكى كۈندە داۋۇت بارغانسېرى «شەھەرلىك»لەرگە ئوخشاپ قېلىۋېتىپتۇ، ئۇ خوتۇنى بىلەن يەر تەۋرەشكە چىداملىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى غەم - ئەندىشىلەردىن بىراقلا قۇتۇلدى. 2017 - يىلى، داۋۇت كەنتتىكى تۇنجى «قىسقۇچ پاقا بېقىش» ئادەمگە ئايلاندى — 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ بىر تىكلىمە ھاۋا تەڭشىگۈچ سېتىۋالدى.

«ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئاچقاندىن كېيىن، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدىكەن، سۇ چۆشىدىغان ھاجەتخانىمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە.» داۋۇتنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى مەينەت، قالايمىقان، ناچار مۇھىت كەنتتىن بىراقلىشىۋېتىپتۇ، سافا، ياغاچ كارىۋات ئاسانلا كېسەللىك باكتېرىيەسى پەيدا قىلىدىغان توپا كاڭنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ «ئۆلچەملىك سەپلىمە»سى بولۇپ قاپتۇ؛ تېخىمۇ ئىشەنچلىك، بىخەتەر بولغان توك پار مەشنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، قىش پەسلىدە ئىسسىنىشتىكى ئالدىن تاللاشقا ئايلىنىۋېتىپتۇ، بۇنى ئىشلەتكەن دېھقان - چارۋىچى ئائىلىلىرى يەنە تولۇقلىما پۇلى ئالالايدىكەن.

«يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيەۋى قارىشىغا ئۇن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ»، دېدى چۆشۈرگە كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغىنىغا ئۈچ يىلغا يېقىن بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى جاۋ چېڭچياڭ.

نۆۋەتتە، چۆشۈرگە كەنتىدىكى نۇرغۇن دېھقان گۈل - گىياھ، كۆكتات قاتارلىق پايدىسى تېخىمۇ يۇقىرى زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشنى تاللاپ، ئىشىك ئالدىدىلا كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىۋاتىدۇ. بۇ يىل سىرتلارنى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن داۋۇتتا يېڭى ئوي پەيدا بولدى.

«بىزنىڭ كەنتىمىز مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ خۇڭخەي مەنزىرە رايونىغا يانداش، ئەتراپىمىزدا يەنە باراقسان ئۆسكەن گۈزەل توغراقلىق بار، ئەگەر دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلالىساق، ئوبدانلا كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان بىر تاۋاق نارىننى 100 نەچچە يۈەندىن ساتقىلى بولىدۇ»، دېدى داۋۇت.

داۋۇتنىڭ ئويى كەنتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاۋۋال يولغا قويىدىغان، ئاۋۋال سىنايدىغان يۆلەش ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ۋە باشقا توققۇز ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ئۆز ئۆيلىرىنى قايتىدىن بېزەش، ئۆزگەرتىشكە تۇتۇش قىلدى. داۋۇت سىرتقى تامنىڭ ئەسلىدىكى مىللىيچە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالدى ھەم ئىشچى تەكلىپ قىلىپ يەرگە چىنىخىش ياتقۇزۇپ، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

«كېلەر يىلى يازدا ئۆيىمىزدە مېھمانلارنى كۈتۈۋالالايدىغان بولىدۇق»، دېدى داۋۇت.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# پۇقراچە كىيىنگەن زىرەك رازۋېدچىك لياڭ شۆجاڭ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر يۈەن جۈنباۋ) «سالام!» جاراڭلىق، كۈچلۈك سالام ئاۋازى مەيداندىكى بارلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان لياڭ شۆجاڭغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. گەرچە 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن زىبو شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جاڭدىيەن شۆبە ئىدارىسىدىكى كادىر - ساقچىلار بۇ قەھرىماننى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار دائىم زىبو شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى لياڭ شۆجاڭ قەبرىسى ئالدىدا پارتىيە دەرسى ئۆتۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قەھرىمانغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، قەھرىماندىن ئۆگىنىدۇ.



لياڭ شۆجاڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

«ئالتۇن رەڭلىك قالقان، ئىسسىق قان بىلەن تاۋلىنىش، خەتەرلىك جايدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش...» 20 - ئەسىرنىڭ 80 - ، 90 - يىللىرىدا «پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داڭق چىقارغان. لياڭ شۆجاڭ دەل مۇشۇنداق پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى. لياڭ شۆجاڭ 1965 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىبو شەھىرى جاڭدىيەن رايونى فېڭشۈي بازىرى لياڭشياڭ كەنتىدىن، 1985 - يىلى 7 - ئايدا، زىبو خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، زىبو شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جاڭدىيەن شۆبە ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى بولغان. خىزمەتكە قاتناشقان ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئۇ جەمئىي 357 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان، 13 قېتىم شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا يارىلانغان.

پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك، لياڭ شۆجاڭ ۋە سەپداشلىرى ساقچى فورمىسى كىيەلمەي، پۇقراچە كىيىنىپ يۈرەتتى، يىل بويى كىشىلەر زىچ توپلاشقان بازار، ۋوگزال، ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا ھەر ۋاقىت جىنايەت قىلمىشلىرىنى بايقايتتى، توسۇيتتى، جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتاتتى. بىگىلا خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، لياڭ شۆجاڭ زىبو ۋوگزالدا يولۇچىلارنىڭ ھەمىيىنى بۇلىغان بىر جىنايەت گۇماندارىنى ئۇچراتقان ھەمدە ئۇنى بىر خالتا كوچىغىچە قوغلاپ بارغان. قاچىدىغان يەر تاپالماي قالغان جىنايەت گۇماندارى توققۇز بوغۇملۇق پولات قامچىنى چىقارغان، لياڭ شۆجاڭ قىلچە قورقماستىن، بىر پۇتى بىلەن پولات قامچىنى دەسسەپ، بىر پۇتى بىلەن جىنايەت گۇماندارىنىڭ بېغىشىغا تەپكەن، جىنايەت گۇماندارى تامدىن سەكرەپ قاچماقچى بولغاندا، لياڭ شۆجاڭ دەرھال ئەگىشىپ تامدىن سەكرەپ، ئاخىرىدا جىنايەت گۇماندارىنى بويسۇندۇرغان.

قارا نىيەتلەر بىلەن ئېلىشىش، يارىلىنىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. 1986 - يىلى، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاسماندا قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى، لياڭ شۆجاڭ ئەترەت باشلىقى لى شىڭگۇاڭ بىلەن ۋوگزالدىكى قىستا - قىستاڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇنۇپ، يۇرۇش - تۇرۇشى گۇمانلىق بەش يىگىتنىڭ ئىزىغا چۈشكەن. ۋوگزالدىن سودا سارايىغا، يەنە بازارغا كېلىپ، توپتوغرا ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئەگەشكەن. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بىرنەچچە يىگىت قولىغا پىچاق ئېلىپ ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغان، لياڭ شۆجاڭ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، ئەترەت باشلىقى بىلەن بىرلىكتە قارا نىيەتلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، بەش قارا نىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۇتقان، ئېلىشىش جەريانىدا قارا نىيەتلەر خەنجەر بىلەن لياڭ شۆجاڭنىڭ بىرقانچە يېرىنى زەخىملەندۈرگەن.

لياڭ شۆجاڭ باتۇر بولۇپلا قالماستىن، يەنە جاپادىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايتتى. 1987 - يىلى 2 - ئايدا، لياڭ شۆجاڭ بىر قېتىملىق ئېغىر، زور زەھەر ئەتكەسچىلىك شايكىسى دېلوسىنى پاش قىلىشقا قاتناشقان، بىر جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئۈچۈن، ئۇ سەپدىشى جاڭ مىڭخى بىلەن تىلەمچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقانغا قەدەر بەش كېچە - كۈندۈز تىلەمچىلەر بىلەن بىللە ئۇخلىغان.

1987 - يىلى ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا، جاڭدىيەن رايونىدا ئۇدا يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق كېچىدە يول توسۇپ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، لياڭ شۆجاڭ ۋە خىزمەتداشلىرى يېقىن ئەتراپتىكى كۆممىقوناقلىقتا ئۇدا يەتتە كېچە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپ ساقلاپ، ئاخىرىدا جىنايەت گۇماندارىنى يەنە بىر قېتىم دېلو سادىر قىلىۋاتقان نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرگەن.

1988 - يىلى 12 - ئايدا، مەملىكەت بويىچە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىق دېلوسىدىكى بىر جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش ئۈچۈن، لياڭ شۆجاڭ ۋە سەپداشلىرى ئۇدا يەتتە كېچە - كۈندۈز ياخشى ئارام ئالالمىغان، نۇرغۇن ئەترەت ئەزالىرى ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغان، لياڭ شۆجاڭمۇ ئوخشاشلا قاتتىق ئاغرىپ قالغان، لېكىن ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەرگەن. 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە، لياڭ شۆجاڭ ھوشيارلىق بىلەن تەكشۈرگەن ھەم تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بۇ جىنايەتچىنى بايقىغان. بۇ چاغدا، لياڭ شۆجاڭ چارچاش ۋە ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇپ، قولىغا قاتىللىق قورالى ئالغان تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بۇ جىنايەتچى ئالدىدا، ئۇ پىداكارلىق كۆرسەتكەن، بېشى ۋە بوينىنىڭ توققۇز يېرى يارىلانغان، غول تومۇرى يېرىلغان ئەھۋالدا، يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاممىنىڭ ياردىمىدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچىنى بويسۇندۇرغان. لياڭ شۆجاڭ قانسىراپ كەتكەنلىكتىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، لياڭ شۆجاڭ شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان، 1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

«لياڭ شۆجاڭنىڭ روھى بىز ھەربىر جاڭدىيەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە، چىن ھېسسىيات بىلەن تۆھپە قوشۇشقا، تەرى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن ئالتۇن قالقاننى يالترىتىشقا، ساقچىلىق روھىنى تاۋلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ»، دېدى زىبو شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جاڭدىيەن شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى ئەن لىيپىڭ.

# جۇ لياڭسەي: مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان «ئارمىيەدىكى ئىختىساس ئىگىسى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر چېن ۋېنگۇاڭ) خۇنەن ئۆلكىسى رۇچېڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، ياپيېشىل تاغ، سۈپسۈزۈك سۇلار بىلەن ئورالغان، ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل بىر كىچىك تاغلىق كەنت — ۋەيشا كەنتى بار. كەنتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سېلىنغان ئاددىي بىر قەدىمىي ئىمارەت بار. بۇ ئىمارەت «ئارمىيەدىكى ئىختىساس ئىگىسى» دەپ تەرىپلەنگەن جياڭجۈن جۇ لياڭسەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى. 1900 - يىلى جۇ لياڭسەي بۇ يەردە تۇغۇلغان ھەم مۇشۇ جايدا باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن.



جۇ لياڭسەينىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جۇ لياڭسەي، خۇنەن رۇچېڭدىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ داڭلىق يۇقىرى دەرىجىلىك جياڭلىكى. 1925 - يىلى كەنت دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1927 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1928 - يىلى 1 - ئايدا، جەنۇبىي خۇنەن قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. كېيىن جۇ دې، چېن يىغا ئەگىشىپ جىڭگاڭشەن تېغىغا كېلىپ، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى 4 - جۈن ئىشتابىغا كىرىپ، لىيەننىڭ پارتىيە ۋەكىلى، جۈنبۇنىڭ كاتىپى بولۇپ، خۇاڭياڭجېينى قوغداش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1928 - يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىڭبۇنىڭ شۇجىسى ۋە تارماق ئەترەت، شى، جۈننىڭ جېڭۋېيى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ ھەر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، باشلامچى بولۇپ، كۆپ قېتىم زەربىدار ئەترەتنى باشلاپ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ، قورغاننى ئېلىپ، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

ئۇزۇن سەپەردە، جۇ لياڭسەي مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سەھىيە بۆلۈمىنىڭ جېڭۋېيى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، دائىم ئۆزى داۋالاش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللىگەن. قىزىل 1 - ، 4 - يۆنىلىش ئارمىيەسى ئۇچراشقاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيەسىگە يۆتكىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 31 - جۈن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 30 - جۈن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى بولغان.

پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇ لياڭسەي 8 - ئارمىيەنىڭ لەنجوۋدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ، زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي زاتلار ۋە تارقىلىپ كەتكەن خادىملارنى قۇتقۇزغان. 1938 - يىلى كۈزدە، جۇ لياڭسەي سەنشى - چاخار - خېبېي ھەربىي رايونىغا بېرىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 - جۈن شۆبە رايونىنىڭ جېڭۋېيى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، سەنشى - چاخار - خېبېي ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. جاپالىق ئۇرۇش مۇھىتىدا، ئۇ قىسىمنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى ۋە تەشۋىقات - مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، نەمۇنىلىك پارتىيە ياچېيكىسى ۋە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرستىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، «لاڭياشەن تېغىدىكى بەش قەھرىمان» قاتارلىق ئىلغار تىپلارنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، تەشۋىقات - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم باشلامچى شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ، سەنشى - چاخار - خېبېيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇ لياڭسەي نيې رۇڭجېنغا ياردەملىشىپ، سەنشى - چاخار - خېبېي ھەربىي - سىياسىي كادىرلار مەكتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، قوشۇمچە مۇئاۋىن جېڭۋېي بولغان. 1948 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ يې جيەنيىڭغا ياردەملىشىپ شىمالىي جۇڭگو ھەربىي - سىياسىي داشۆسىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، مۇئاۋىن جېڭۋېي، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولۇپ، زور بىر تۈركۈم ھەربىي - سىياسىي كادىرلارنى يېتىشتۈرگەن.

ھەر قېتىملىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا، جۇ لياڭسەي تۇشمۇتۇشتا ئۇرۇش قىلىپ، ھايات - ماماتىغا قارىماي، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم يارىلانغان، ئوق بەلكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىمالىي جۇڭگو ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن جېڭۋېيى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ جېڭۋېيى بولۇپ، ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا خەلق قوشۇنىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى قوغداپ، لېيندۇي، ياچېيكىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ۋە كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قىسىمنىڭ سىياسىي خىزمەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەن.

1955 - يىلى، جۇ لياڭسەيگە شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1958 - يىلى، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ئۇ يەنىلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر يۈرۈش ئەسلىمە ماقالىلىرىنى يازغان. 1989 - يىلى 2 - ئايدا جۇ لياڭسەي بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇ لياڭسەينىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ۋەيشا كەنتىمۇ شۇ جايدىكى يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىگە ئايلاندى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، رۇچېڭ ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە قالپىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چۆرۈپ تاشلىدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)